# مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلەش - تەقدىرلەش يىغىنى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: نامراتلىق ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى جاھىل كېسەل. نامراتلىققا قارشى تۇرۇش باشتىن - ئاخىر قەدىمدىن ھازىرغىچە، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، خەلقنى ئەمىن تاپقۇزۇشىدىكى بىر چوڭ ئىش بولۇپ كەلگەن. جۇڭگو تارىخى دەل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ نامراتلىق بىلەن كۆرەش قىلغان تارىخىدۇر. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپلا، جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈشنى ئەسلى مەقسەت، بۇرچ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئۆزىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىنى يارىتىش ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەت جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنى تاماملاپ، سوتسىيالىستىك ئاساسىي تۈزۈمنى ئورنىتىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، خەلقنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاسارەت بىلەن ئىشلەش، دۆلەتنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىشقا تەشكىللەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، پارتىيە خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇشنى كەڭ كۆلەمدە، پىلانلىق، تەشكىللىك يولغا قويۇپ، كۈچەپ جەمئىيەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، كۈچەپ خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، مىسلىسىز ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى تۆۋەن چەك ۋەزىپە قىلىپ، داغدۇغىلىق بولغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خەلق ئۇرۇشىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇردى. سەككىز يىلدىن بۇيان، پارتىيە ۋە خەلق توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، بوران - چاپقۇن ۋە جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، مىخ قېقىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە جۈرئەت قىلىپ، ھەربىر ئەڭ نامراتنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئەڭ قىيىن ئۆتكەلنى يېڭىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا مۇھىم، زور تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. يېزىلاردىكى نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاچقۇچلۇق تۆھپە قوشۇلدى؛ نامراتلىقتىن قۇتۇلغان رايونلارنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى چوڭ قەدەم ئېلىپ يېتىشىۋالدى، ئومۇمىي قىياپەتتە تارىخىي خاراكتېرلىك غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى؛ نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئاممىنىڭ روھىي قىياپىتى پۈتۈنلەي يېڭىلىنىپ، ئۆزىگە تايىنىش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىشەنچى، جاسارىتى ئاشتى؛ پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، پارتىيەنىڭ يېزىلاردىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى؛ نامراتلار سانىنى ئازايتىش - تىزگىنلەشنىڭ جۇڭگو نۇسخىسى يارىتىلىپ، يەر شارىۋى نامراتلار سانىنى ئازايتىش ئىشلىرى ئۈچۈن مۇھىم، زور تۆھپە قوشۇلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: دەۋر قەھرىمانلارنى يارىتىدۇ، ئۇلۇغلۇق ئاددىيلىقتىن كېلىدۇ. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىدە، نامراتلارنى يۆلەش بويىچە نەچچە مىليون كادىر پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاپ، جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، نامرات ئاممىلار بىلەن ئۇلار ئويلىغاننى تەڭ ئويلاپ، بىللە ئۆتۈپ، بىللە ئىشلەپ، ئەڭ گۈزەل چاغلىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىشلىرىغا شەخسىيەتسىز بېغىشلىدى، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان نۇرغۇن ئۆلگىلىك ئىش ئىزلار بارلىققا كەلدى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش كۆرىشىدە، 1800 دىن ئارتۇق يولداشنىڭ ھاياتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇساپىسىدە توختاپ قېلىپ، كوممۇنىستلارنىڭ ئەسلى مەقسىتى، بۇرچىنى جانلىق شەرھلىدى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغانلارنىڭ تۆلىگەن بەدىلى ۋە قوشقان تۆھپىسى تارىخ سەھىپىسىدە چاقناپ تۇرىدۇ، پارتىيە ۋە خەلق ئۇلارنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، جۇمھۇرىيەت ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر قۇربان بولغان ھەربىر كىشىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆيۈنۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى قەھرىمان نەمۇنىچىلەرنىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرى ۋە ئالىيجاناب روھىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، كەڭ كادىرلار، ئاممىنى ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلىش، باتۇرلۇق بىلەن يېڭى تۆھپە قوشۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتە پارتىيەنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىگە تايانىدۇق، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىش روھىي پەزىلىتىگە تايانىدۇق، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان توپلانغان پۇختا ماددىي ئاساسقا تايانىدۇق، نۆۋەتمۇنۆۋەت ئىشلەيدىغان قەتئىيلىككە، چىڭ تۇرۇشقا تايانىدۇق، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىشىغا تايانىدۇق. بىز مەۋقەنى دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا قويۇپ، نامراتلار سانىنى ئازايتىش قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، بىر قاتار ئادەتتىن تاشقىرى سىياسەت - تەدبىرلەرنى چىقىرىپ، بىر يۈرۈش ئۈنۈملۈك سىياسەت سىستېمىسى، خىزمەت سىستېمىسى، تۈزۈم سىستېمىسىنى بەرپا قىلدۇق، جۇڭگوچە نامراتلار سانىنى ئازايتىش يولىدا ماڭدۇق، جۇڭگوچە نامراتلىققا قارشى تۇرۇش نەزەرىيەسىنى شەكىللەندۈردۇق. ئاساسلىقى: پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى كۈچلۈك سىياسىي ۋە تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىنلىدۇق؛ خەلقنى مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئورتاق بېيىش يولىدا ماڭدۇق؛ دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىغان سىياسىي ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئورتاق ئىرادە، ئورتاق ھەرىكەتنى شەكىللەندۈردۇق؛ نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش تەدبىرىدە چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىيات چارىسى ئارقىلىق نامراتلىق مەنبەسىنى تۈگەتتۇق؛ كەڭ نامرات ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقىنى قوزغاشتا چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغاتتۇق؛ بىر ياقىدىن باش چىقىرىدىغان، ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان گۈزەل ئەخلاقنى ئەۋج ئالدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەت خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇپ نامراتلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان قويۇق كەيپىيات ياراتتۇق؛ راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇش، قىيىنغا تېگىشتە چىڭ تۇرۇپ، نامراتلارنى ھەقىقىي يۆلەش، ھەقىقىي نامراتلارنى يۆلەش، ھەقىقىي نامراتلارنى قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. بۇ مۇھىم تەجرىبە ۋە تونۇشلار دۆلىتىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نەزەرىيە جەۋھىرى، ماركسىزملىق نامراتلىققا قارشى تۇرۇش نەزەرىيەسىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىسى بولۇپ، جەزمەن ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇش ھەم ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسى پارتىيەمىزنىڭ خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، گۈزەل تۇرمۇش يارىتىش، ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا مەزمۇت چوڭ قەدەم تاشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالپاقنى ئېلىۋېتىش ئاخىرقى نۇقتا ئەمەس، بەلكى يېڭى تۇرمۇش، يېڭى كۆرەشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، شەھەر - يېزىلارنىڭ رايون تەرەققىيات پەرقىنى كىچىكلىتىش، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشى ۋە ئومۇمىي خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا يەنىلا ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق. بىزنىڭ مەغرۇرلىنىپ ئۆز - ئۆزىمىزدىن قانائەتلىنىشكە، بوشىشىپ توختاپ قېلىشقا ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق، جەزمەن ۋەزىيەتكە تايىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، داۋاملاشتۇرۇپ كۆرەش قىلىش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، ئاسان قايتا نامراتلىشىپ كېتىدىغان، نامراتلىشىپ كېتىدىغان نوپۇسلارغا قارىتا كۆزىتىپ ئۆلچەشنى كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان رايونلاردىكى كەسىپلەرنى ئۇزاق مۇددەت يېتىلدۈرۈپ ۋە قوللاپ، باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەنىدىغان نامرات ئاممىنى داۋاملاشما يۆلەشنى ياخشى ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ناھىيەلەرنى ئاتقا يۆلەپ چىقىرىپ بىر بۆلەك يەرگىچە ئاپىرىپ قويۇپ، ئاساسلىق ياردەم بېرىش - يۆلەش سىياسىتىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنى ساقلاش كېرەك. كەنتتە تۇرۇشلۇق 1 - شۇجى ۋە خىزمەت ئەترىتى، شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىم ھەمكارلىشىش، نىشانلىق ياردەم بېرىش، جەمئىيەت ياردەم بېرىش - يۆلەش قاتارلىق تۈزۈملەردە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ھەم ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش مەسئۇلىيىتىنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختىلاپ، كۆلەملىك قايتا نامراتلىشىپ كېتىش يۈزبەرمەسلىكنىڭ تۆۋەن چېكىنى قەتئىي ساقلاش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور ۋەزىپە. مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش ئېلىپ كەلگەن يېڭى ۋەزىيەت، ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭى تەلەپلەرنى چۆرىدەپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشنى پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىدە مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش يولىدا مېڭىپ، شەھەر - يېزىلارنىڭ رايون تەرەققىيات پەرقىنى سىجىل كىچىكلىتىپ، تۆۋەن كىرىملىك نوپۇسلار ۋە تەرەققىي تاپمىغان رايونلارنى تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىلەندۈرۈپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسىدە سەپتىن چۈشۈرۈپ قويماسلىق، يېتىشتۈرۈۋېلىش كېرەك. يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇشنىڭ چوڭقۇرلۇقى، كەڭلىكى، قىيىنلىق دەرىجىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىن قېلىشمايدۇ، سىياسەت سىستېمىسى، خىزمەت سىستېمىسى، تۈزۈم سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىر بىلەن، تېخىمۇ قۇدرەتلىك كۈچ توپلاپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشى، يېزا - كەنتلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشقا، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا باب كېلىشى، دېھقانلارنىڭ باي - باياشات بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە، بىز جەزمەن ئومۇمىي خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، قەدەمنى پۇختا ئېلىپ، بوشاشماي كۆرەش قىلىپ، بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن تېخىمۇ پائال نەتىجە يارىتىدىغان تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ كاپالەتلىك، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل قىلىشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئۆتكەننى ئەسلىسەك، بىز جۇڭخۇا مىللىتىنى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئۇلۇغ تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، ئىنسانلارنىڭ نامراتلار سانىنى ئازايتىش تارىخىدا مۆجىزە ياراتتۇق. كەلگۈسىگە نەزەر سالساق، بىز ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش تارىخىي ئۇلۇغۋار ئارزۇ ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتىمىز. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئىشەنچ ۋە ئىرادىنى چىڭىتىپ، مەڭگۈ بوشىشىپ قالمايدىغان روھىي ھالەت، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۆرەش قىلىش ھالىتى بىلەن، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قاراپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىشى كېرەك!

لى كېچياڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلغاندا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكى تەنتەنىلىك جاكارلاندى، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىستراتېگىيەلىك يۈكسەكلىكتىن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇلۇغ نەتىجىلەر تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ شانلىق مۇساپىسى ۋە قىممەتلىك تەجرىبىلىرى چوڭقۇر يەكۈنلەندى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئۇلۇغ روھى چوڭقۇر شەرھلەندى، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشكە قارىتا ئېنىق تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ، ناھايىتى كۈچلۈك سىياسىيلىككە، ئىدىيەۋىلىككە، يېتەكچىلىككە، قاراتمىلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلىپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىش كېرەك.

يىغىندىن ئىلگىرى، شى جىنپىڭ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەرەپ نامىغا ئېرىشكۈچىلەر، مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئىلغار شەخسلەر، ئىلغار كوللېكتىپلار ۋەكىللىرى، مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەرەپ نامىغا يەككە ئېرىشكۈچىلەر ۋە مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان ئىلغار شەخسلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ۋەكىللىرى قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى ھەم كۆپچىلىك بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارلىرى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى ھەمدە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى.

ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، مەركەزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، ھەرقايسى تارماقلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، پارتىيە ۋە دۆلەت تۆھپە، شەرەپنى تەقدىرلەش خىزمىتى كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلەش - تەقدىرلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار مەركىزىي كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىللىرى قاتارلىقلار بولۇپ تەخمىنەن 3000 كىشى يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىككى تەرەپ ئۆزئارا ئىشەنچنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بىر - بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتى ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلەرگە ھەققىي ھۆرمەت قىلىپ ۋە ئېتىبار بېرىپ، مۇھىم ھەمكارلىق كېلىشىمىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئېنېرگىيە، ئاۋىياتسىيە، يېزا ئىگىلىك يېمەكلىك مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقتا ئۈزلۈكسىز يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە پائال تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو - فرانسىيە ھەمكارلىقىنىڭ يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى بەرپا قىلىشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ پارىژ خەلقئارا پۇل مۇئامىلە مەركىزى قۇرۇلۇشىنى قوللايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: زۇڭتۇڭ ئەپەندى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇشىنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلدى. جۇڭگو تەرەپ ياۋروپانىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنىڭ كۆپ قۇتۇپلاشقان دۇنيا تىنچلىقى، مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا پايدىلىق ئىكەنلىكىگە، جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ كۈچنىڭ ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، كۆپ خىل يەر شارىۋى خىرىسلارغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇشىغا پايدىلىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئىككى تەرەپ كېيىنكى باسقۇچتىكى جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بىر قاتار مۇھىم سىياسىي قارارلىرىغا ئورتاق ياخشى تەييارلىق كۆرۈشى كېرەك. بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا، جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى جۇڭگو - ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى سۆھبىتىنى تاماملايدىغانلىقنى ئورتاق جاكارلىدى. بىز بىرلىكتە تىرىشىپ، جۇڭگو - ياۋروپا ئىتتىپاقى مەبلەغ سېلىش كېلىشىمىنىڭ بالدۇرراق كۈچكە ئىگە بولۇشىغا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك. جۇڭگو — ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ھەمكارلىقى جۇڭگو - ياۋروپا ئىتتىپاقى ئومۇمىي ھەمكارلىقىنىڭ بىر قىسمى، جۇڭگو تەرەپ فرانسىيە تەرەپ بىلەن ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا رايونىدا ئۈچ تەرەپ ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇش ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، جۇڭگو - ياۋروپا ئىتتىپاقى ھەمكارلىقىدا يېڭى بوشلۇق ئېچىشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن فرانسىيە ئوخشاشلا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە دائىمىي ئەزا دۆلەت ۋە مەسئۇلىيەتچان چوڭ دۆلەت، ئىككى دۆلەت كۆپ تەرەپچىللىك بايرىقىنى داۋاملىق ئېگىز كۆتۈرۈپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئادىل، ھەققانىي بولۇش، كېڭىشىپ ھەمكارلىشىش، ئېچىۋېتىشچان، سىغدۇرۇشچان بولۇشتا چىڭ تۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئۈستىدىن بالدۇرراق غەلىبە قىلىشى، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ 50 تىن ئارتۇق تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتكە يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ۋاكسىنىسى ياردەم قىلدى. جۇڭگو تەرەپ فرانسىيە تەرەپ بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىدا رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قوللايدۇ، «پۈتۈن يەر شارى ھەمكارلىشىپ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش يېڭى قورالىنى تېز سۈرئەتتە ئېچىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇنىڭغا ئادىل ئېرىشىش» تەشەببۇسى ۋە «يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ۋاكسىنىسىنى يولغا قويۇش پىلانى»غا ئورتاق پائال قاتنىشىدۇ. جۇڭگو 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ قەرزنى كېچىكتۈرۈش تەشەببۇسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ قەرزنى كېچىكتۈرۈپ، مۇددەتنى ئۇزارتىش توغرىسىدا بىردەكلىك ھاسىل قىلىشىغا تۈرتكە بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆپ تەرەپلىك پۇل مۇئامىلە ئورگانلىرى ۋە سودا ھەقدارلىرىنى ئورتاق قاتنىشىشقا دەۋەت قىلدى. جۇڭگو تەرەپ فرانسىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارا جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئافرىقىغا بولغان سېلىنمىنى كۆپەيتىشىنى كۆرۈشنى خالايدۇ، فرانسىيە تەرەپ بىلەن بولغان پىكىرلىشىشنى ساقلاشنى خالايدۇ. بىز تېخىمۇ كۆپ دۆلەتلەرنى كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش «پارىژ كېلىشىمى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، «جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقى ئەھدىنامىسى» بويىچە 15 - قېتىملىق ئەھدىنامە تۈزۈشكەن تەرەپلەر يىغىنى ۋە 7 - نۆۋەتلىك دۇنيا تەبىئەتنى قوغداش يىغىنىنى ئۆزئارا قوللاپ ياخشى ئېچىشىمىز كېرەك.

ماكرون مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەن فرانسىيە - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىجابىي باھا بېرىمەن، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئېچىۋېتىشچان ۋە ھەمكارلىق پوزىتسىيەسى بويىچە، مۇھىم ساھەلەردىكى ھەمكارلىقتا تېخىمۇ كۆپ ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى ھەم ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگونىڭ ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى پائال ئىلگىرى سۈرۈشنى خالايمەن. ياۋروپا ئىتتىپاقى - جۇڭگو ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگونىڭ مەبلەغ سېلىش كېلىشىمىنىڭ بالدۇرراق كۈچكە ئىگە بولۇشىغا تۈرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. فرانسىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقى، بولۇپمۇ باشقا دۆلەتلەرگە ياردەم بېرىپ ۋاكسىنىغا ئېرىشىشنى تېزلىتىش ئۈچۈن قوشقان پائال تۆھپىسىنى ئالقىشلايدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن بۇ جەھەتتىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. فرانسىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن خەلقئارا ئىشلاردىكى پىكىرلىشىشنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئافرىقىنىڭ قەرزنى كېمەيتىش - كېچىكتۈرۈشىگە، ئافرىقا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، داۋاملىق ھالدا كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش، ئاممىۋى سەھىيە قاتارلىق يەر شارىۋى خىرىسلاردا زىچ ھەمكارلىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. فرانسىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ «جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقى ئەھدىنامىسى» بويىچە 15 - قېتىملىق ئەھدىنامە تۈزۈشكەن تەرەپلەر يىغىنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈشىنى قوللايدۇ.

ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى يەنە ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان رايون قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كەچتە كولومبىيە زۇڭتۇڭى دۇك بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جۇڭگو - كولومبىيە مۇناسىۋىتىدە مۇقىم، ساغلام تەرەققىيات ساقلىنىپ، ئەمەلىي ھەمكارلىق ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇلۇپ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى. يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ ئۆزئارا ھال سوراپ، قوللاپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇش، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلارنى ئورتاق يېڭىشتەك چوڭقۇر دوستلۇقنى نامايان قىلدى. جۇڭگو تەرەپ كولومبىيە تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى داۋاملىق چامىنىڭ يېتىشىچە قوللاپ، كولومبىيە تەرەپ بىلەن ۋاكسىنا ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگونىڭ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى پائال بەرپا قىلىشى كولومبىيەنى يېڭى ھەمكارلىق پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. جۇڭگو تەرەپ كولومبىيە تەرەپ بىلەن ئورتاق تىرىشىپ، جۇڭگو - كولومبىيە مۇناسىۋىتىنى يېڭى تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ. ئىككى تەرەپ داۋاملىق ئۆزئارا قوللاپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسىنى «كولومبىيە - جۇڭگو تەشەببۇسى» بىلەن ياخشى ئۇدۇللاشتۇرۇپ، ئېنېرگىيە، ئۇل ئەسلىھە، تېلېگراف قاتارلىق ئەنئەنىۋى ساھەلەردىكى ھەمكارلىق ئاساسىدا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، يېڭى ئېنېرگىيە، رەقەملىك ئىقتىساد، ئىجادىيەت كەسپى قاتارلىق يېڭى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى پائال كېڭەيتىپ، مەدەنىيەت، مائارىپ، تەنتەربىيە، يەرلىك قاتارلىق ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ كولومبىيەگە بېرىپ مەبلەغ سېلىپ كەسپىنى گۈللەندۈرۈشىگە داۋاملىق ئىلھام بېرىشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ كولومبىيە تەرەپ بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قاتارلىق كۆپ تەرەپ رامكىسى ئىچىدە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ.

دۇك جۇڭگو خەلقىدىن چاغانلىق ھال سوراپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ يۈەنشاۋ بايرىمىنى تەبرىكلىدى. دۇك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇلتۇر كولومبىيە بىلەن جۇڭگونىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 40 يىللىقى. مەن كولومبىيە - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى تەرەققىي قىلغانلىقىدىن، بولۇپمۇ ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقىدا مول نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكىدىن خۇشال بولدۇم. كولومبىيە تەرەپ تېخىمۇ كۆپ جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ كولومبىيەگە بېرىپ مەبلەغ سېلىشىنى قارشى ئالىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن كەلگۈسى 40 يىللىق مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئورتاق ياخشى پىلانلاپ، ئىقتىساد - سودا، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدە تېخىمۇ كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. جۇڭگو تەرەپنىڭ كولومبىيەنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشنى قىممەتلىك مەدەت بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىدۇ، بولۇپمۇ جۇڭگو تەرەپ تەمىنلىگەن ۋاكسىنا نۇرغۇن قىممەتلىك ھاياتلىقنى قۇتقۇزۇشقا ياردەم بەردى، بۇ، كولومبىيە - جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ چوڭقۇر دوستلۇقى ۋە يۈكسەك ئۆزئارا ئىشەنچىسىنى نامايان قىلدى. كولومبىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن ۋاكسىنا ھەمكارلىقنى داۋاملىق كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.